

# جۇدالىق زارى

# جۇدالىق زارى

مىللەتلەر نەشرىياتى

چۇي يۇەن

جۇدالىق زارى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: تېيىپجان ئېلىيوۋ، خاۋ گۇەنجۇڭ

مەسئۇل مۇھەررىر: ۋاڭ يىجۇ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1980 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1980 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.11 يۇەن

## نەشرىياتتىن

بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، يولداش گومورو تەرىپىدىن ئىشلەنگەن «جۇدالىق زارىنىڭ هازىرقى زامان تىلىدىكى تەرجىمىسى» دېگەن كىتاپتىن پايدىلىنىلدى.

# كىرىش سۆز

مىلادىدىن بۇرۇن 340 ـ يىلى، ۋۇشىيا بوغۇزى يېنىدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىك زىگۇي ناھىيىسىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى چۈي يۈەن دۇنياغا كەلدى! ئۇ ئەسلىدە چۇ بەگلىكىدىكى بىر ئاقسوڭەك ئائىلىسىدىن بولۇپ، ياش دەۋرىدىنلا خۇەيۋاڭ بېگى شۇڭ خۇەينىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا زوتۇ دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن، بۇ پەقەت لىڭيى دېگەن مەنسەپتىن سەل تۆۋەنرەك بولۇپ، مۇئاۋىن باش ۋەزىرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ خان بىلەن چوڭ ـ چوڭ سىياسى ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىشاتتى، مۇھىم ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ بېرەتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشاتتى.

بۇ، تارىختا ”يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بەسلىششى“ دېيىلگەن جەنگو دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. ”بەسلىشىش“ دېگەنلىك بەسلىشىپ قوراللىق كۈچ بىلەن پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشىش دېگەنلىك ئىدى. يەتتە بەگلىك ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى چىن بەگلىكى، چۇ بەگلىكى

ۋە چى بەگلىگى ئىدى. قالغىنى خەن بەگلىكى، جاۋ بەگلىگى، ۋېي بەگلىگى، يەن بەگلىگى ــ يەر ـ زىمىنى تار، يا چەترەك جايلارغا جايلاشقان بەگلىكلەر بولۇپ، ئۇلاردا بۇ رىقابەتكە قاتنىششقا شەرت ـ شارائىت يوق ئىدى. چۇي يۇەن چى بەگلىگى بىلەن بىرلىشىپ چىن بەگلىگىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى، ئەمما چۇ بەگلىگىنىڭ بىگى خۇەيۋاڭ كىچىك مەنپەئەتكە بېرىلىپ سىياسى جەھەتتە يىراقنى كوزلىمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە لىگىيى زىجىياۋ، تورى ئەمەلدار جىن شاڭ ۋە ئامراق خوتۇنى ــ جەنۇبىي ئوردا خانىشى جېن شيۇ قاتارلىق شەخسىيەتچى، چىرىكلەشكەن ئادەملەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان بولغاچقا، چىن بەگلىگىنىڭ ئەلچىسى جاڭ يىنىڭ قىلتىغىغا چۈشۈپ قېلىپ، چۇي يۇەننىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، نەتىجىدە چوڭ زىيان تارتقان، ھەتتا ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، چىن بەگلىگىدە قامال قىلىنىپ ئولۇپ كەتكەن.

كېيىن چۇ خۇەيۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى شۇڭ خېڭ بەگلىككە ۋارىسلىق قىلىپ چىڭشياڭۋاڭ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ دولىتى ۋە ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۇنتۇپلا قالماي، بەلكى چىن بەگلىگىنىڭ كۇيىوغلى بولۇۋېلىپ، چۇي يۇەننى خەنشۇي دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يىراق يەرگە پالىۋېتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇن 278 ـ يىلى، چىن بەگلىگىنىڭ سەركەردىسى بەي چى چۇ بەگلىگىنىڭ پايتەختىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالىدۇ. بۇ چاغدا چۇي يۇەن ھازىرقى خۇنەن ئولكىسىدىكى يۇەنشۇي، شياڭشۇي دەريالىرى ئارىلىغىدا كېزىپ

ۋاتقان ئىدى، ئۇ بۇ يۇرەك يىرىلغۇدەك شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ملۇجياڭ دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىدۇ، شۇ كۈن دەل كونا ھىساپ بويىچە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى شۇ كۈن كەلگەندە ئېلىمىزدىكى خەنزۇ خەلقى تاڭزۇڭزا ياساپ، ئەجدىھا سۈرىتى بىلەن زىننەتلەنگەن قېيىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ ئۇنى خاتىرىلەيدىغان بولدى. ئۆتمۈشتە كىشلەر دەريا ئىچىدىكى ئەجدىھالار شائىرنىڭ جەسىدىنى يىمىسۇن دەپ تاڭزۇڭزىنى دەرياغا تاشلىشاتتى. قېيىق مۇسابىقىسى بولسا شائىرنى بەسلىشىپ دەريادىن سۈزىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ ئۆرپ ـ ئادەت ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلدى ۋە ياپونىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام، مالايالارغىچە تارالدى، بۇنىڭدىن كەڭ خەلقنىڭ بۇ ئۇلۇغ شائىرغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى كورۈۋالغىلى بولىدۇ.

"خەلقنى قاتمۇ ـ قات بالايى ـ ئاپەتلەر ئىچىدە كورۈپ"، "ئۆزىنىڭ ياخشى پەيتىدە تۇغۇلمىغانلىقىدىن" ئازاپلانغان شائىر ئۆز ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئامال تاپالماي قالغان. چۇنچيۇ ـ جەنگو دەۋرىدە زىيالىلار ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرى قوللاشقا ئېرىشمىگەن چاغلاردا باشقا بەگلىكلەرگە بېرىپ، ئۇلارغا تەكلىپ ـ تەدبىرلەر كورسىتىپ ئۆزىگە بىرەر ئورۇن تېپىۋېلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى كوپ ئىدى. چۈي يۈەندەك قابىلىيەتلىك ۋە شۇ چاغدىكى تاشقى ئىشلارنى پىششىق ئىگىلىگەن بىلىملىك ئادەمگە چۇ بەگلىكىدىن ئايرىلىپ چىقسا بارىدىغان

يەر يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ چى بەگلىگى بىلەن بىرلىشىشنى ئىنچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ھەمدە چى بەگلىگىگە ئەلچى سۈپىتىدە بارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چى بەگلىگى ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا بەك ئېتىۋار بېرەتتى، ھېچ بولمىغاندا ئۇ ئاشۇ چى بەگلىگىگە بارسا، سوزسىز قارشى ئېلىناتتى. ئۇ بۇنداق قىلىشنىمۇ ئويلىغان. پالچى كەمپىر ئۇنىڭغا "نەدە يوق دەيسەن جاھاندا خۇش پۇراقلىق گۈل-گىيا، نە ئۇچۇن بەنت بولدى كوكلۇك بىرلا ئوز يۇرتىڭغىلا" دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى. پالچى مۇئەككىل تېخىمۇ توغرىدىن-توغرا "سەن تىرىش، ھەر يانني كەزگىن ئاختۇرۇپ، ھەمنىيەت مەسىلەكدىشىڭنى ئىزلىگىن، تاپقىن تونۇپ" دىگەن. لېكىن شائىرىمىزچۇ؟ ئۇنىڭ ئوز ۋەتىنى-دىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەدي! گەرچە ئوردىدىكى ھوقۇقدار-لار ئۇنىڭغا توھمەت چاپلىغان، زەربە بەرگەن بولسىمۇ، شائى-رىمىز يەنە خەلقىم ئۇچۇن، ۋەتىنىم ئۇچۇن قانچە قېتىم ئولسەممۇ رازىمەن دىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئولۇۋېلىشى قاتتىق غەزەپلىنىپ قارشىلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. يىنىدۇ (چۇ بەگلىگىنىڭ پايتەختى)دا يېقىلغان ئوت چۇ بەگلىگىنىڭ ئوت-كەنكى بەگلىرىنىڭ مازىرىنىمۇ پاك-پاكىز كويدۇرۇۋەتتى. چۇ بەگلىگى شۇنىڭدىن تارتىپ ئوڭشىلالماي ئاخىر چىن بەگلىگى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئوتكەن تاڭ دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر لى بەي "ئاي-كۇندەك نۇر چاچار چۇي يۈەنىنىڭ شېئىرلىرى، خارابىغا ئايلاندى چۇ بەگلىگىنىڭ ئوردى-

لىرى“ دەپ يازغان.

چۈي يۈەنــنىڭ قالــدۇرۇپ كەتــكەن شېئىرلــىرى جەمئىي 25 پارچە، بۇلار ئىچىدە «جۇدالىق زارى» ۋەكىللــىك خاراكــتېرغا ئىگە ئەڭ مۇھىم ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭــدا چۈ بەگ-لىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبى كۈچلۈك، تەسەۋۇرغا ئىنتا-يىن باي. شامال، بۇلۇت، گۈلدۈرماما، چاقماق، توز، سۇمرۇغ، ئەجدىھا، ئىلانــلاردىن تارتــىپ تۈرلۈك دەل-دەرەخ، گۈل-چېچەكلەرگىچە ھەممىسى ئۇنىڭ قەلــىمى ئاســتىــدا ھەركەتــكە كېلىــدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ شېئــرنى شائىرانە جاسارەتنىڭ كۈچلۈكــلۈكى، شېئىرىي تۈزۈلۈشــنىڭ يېڭىــلىقى، ھېسسىياتنىڭ جۇشقۇنلۇقى جەھەتلىرىدىن ئېلىمىزنىڭ قەدىمــقى زاماندىــكى ئىجادىي رومانتىك ئەسەر دېيىشكە بولىــدۇ. چۈ بەگلىكى خەلقىدە كۈچ-قۇدرەت يوق ئەمەس ئىدى، ئەپسۇسكى چۈي يۈەن ئېرخى دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلــگىلەيــدىغان چاغــدا كەڭ ئاممىغا تايىنىش لازىملىقــىنى تونۇپ يەتــمىــگەن، بارلىق ئۈمىتنى ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ نىيىتىگە باغلاپ قويــغان ئىــدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ئۇ ئاجىزلىق قىلاتتى، بۇ زىددىيەت ئاخىرى ئۇنى ھالاك قىلدى!

بۈگۈنكى كۈندە بىز سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە ياشاۋاتىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ئەھۋالىنى كۆپرەك چۈشەن-سەك، بۈگۈنــكى ۋە كەلگۈسىدىكى بەخت-سائادەتنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ ئوبدان يېتەلەيدىغان بولىمىز.

كەڭ كىتاپخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، قىسقىچە بەزى زورۇر ئىزاھاتلارنى بەردۇق.

تەھرىردىن

# جۇدالىق زارى

(داستان)

پادىشا گاۋياڭدىن① ئىزلەڭلار پىقىرنىڭ ئەسلىنى،
ھەممە بىيىۈك دەيدۇ بۇزرۇكۋار ئاتامنىڭ ئىسمىنى.
موچىلىمنى سورىساڭلار، موچىلىم يولۋاس مىنىڭ،
ھەم تۇغۇلدۇم خاسىيەتلىك ئايدا ھەم شۇنداق كۇنى.

خاسىيەتلىك كۇندە مەن بولغاچقا دۇنيادا بىنا،
مەن ئۈچۈن مەرھۇم ئاتام بىر ياخشى نام تاپتى شۇڭا.

---

① گاۋ ياڭ — قەدىمقى خان جۇەنشۈينىڭ باشقا بىر ئىسمى. جۇەنشۈي خۇاڭدىنىڭ ئوغلى چاڭيىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پۇياڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا ياشىغان. ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان شۇڭ يى، «تارىخنامە. چۇ تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، جۇ سۇلالىسى چېكۋاڭ ۋاقتىدا چۇ دېگەن جاي ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. چۇنچيۇ دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ بېگى ۋۇۋاڭ — شۇڭ تۇڭ ئۆز ئوغلى شۇڭ شياغا چۇي دېگەن جاينى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى كېيىن چۇينى پەمىلە قىلىۋالغان ئىدى، شۇڭا چۇي يۈەن ئۆزىنى گاۋ ياڭ خانىنىڭ ئەۋلادى دەپ ھىساپلايدۇ.

شۇ سەۋەپتىن چوڭ ئېتىمنى قويدى جېگجي دەپ مېنىڭ،
ھەمدە لىگيۇن دەپ يەنە بىر نام ـ لەقەم بەردى ماڭا①.

گەرچە تولغان بولسىمۇ كوركەم پەزىلەتكە ئىچىم،
بېزىدىم سىرتىمنىمۇ ھەر خىل گۆزەل زىننەت بېرىپ.
ئاللاپ ئۆزدۈم لەيلىنى، چوغلۇقىنىمۇ، رەيھانىنىمۇ،
ھەممىنى يىپقا تىزىپ ئاستىم گويا زۇننار قىلىپ.

بۇ ھاياتلىق يولىدا مەن تاشلىدىم ئىلدام قەدەم،
مېنى يىللار تاشلىۋېتەرمۇ دىگەن تەشۋىشتە مەن.
شۇڭا ئۆزسەم ئەتىگەندە تاغدا مۇلەن گۈلىنى،
ھەمدە ئۆزدۈم سۇ بويىدا سۇ گۈلىنى كەچتە مەن.

كېزىدۇ ئالتۇن قۇياش بىرلە كۈمۈش ئاي توختىماي،
ئۆتىدۇ كوكلەم بىلەن كۈز ئوزئارا نوۋەت ئېلىپ.
مەن غازاڭ پەسلىنى ئويلانغاندا، قورققۇم كېلىدۇ،
سۇلمىغيدى دىلبىرىم بۇۋاخ قىرو پەسلى كېلىپ.

سەن تېخى ياپ ـ ياش تۇرۇپ، نىچۈن ئوزەڭنى بۇلغىدىڭ،
نە ئۈچۈن ياناماق بۇ يولدىن كەلمىدى ماقۇل ساڭا؟

① چۈي يۈەنىنىڭ ئىسمى پىڭ، لەقەمى يۈەن ئىدى. ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە جېگجي، لىگيۇن دىگەن ئىسىملىرىمۇ بار. "جېگجي" دىگىنى
"پىڭ" بىلەن، "لىگيۇن" دىگىنى "يۈەن" بىلەن مەنىداش سۆز.

ئەمدى مەن تۇلپارغا مىندىم، چاپتۇرۇپ ماڭماقچىمەن،
سەن بۇ يان كەل، مەن مېڭىپ ئالدىڭدا باشلاي يول ساڭا.

〔يۇقۇرىدىكى 6 كۇپلېتتە ئۇمۇمەن شائىر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى چەكسىز سۆيىدىغانلىقى، ۋەتەن ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. 1 ـ ، 2 ـ كۇپلېتتە ئاپتور ئۆزى ئائىلە ـ نەسىۋىنى ئەسلەپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ چۇ بەگلىكىگە ئۇرۇقداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ 3 ـ ، 4 ـ كۇپلېتتە شائىر ئۆزى تەبىي تالانت ۋە تۇغما گۈزەل پەزىلەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، كېيىنكى مەزگىلدە ھەر تەرەپتىن تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ؛ 5 ـ ، 6 ـ كۇپلېتتە ئاپتور ئەگەر ئوڭۇشلۇق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىمىسە، كوز يۇمۇپ ـ ئاچقىچە شارائىت ئۆزگىرىپ قېلىپ، كوزلىگەن غايە بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.〕

ئىلگىرى ئۆتكەن ئىدى ئۈچ خان①، ئۇلار پازىل ئىدى،
خوش تەبىئەتلەر يېنىدا كوپ ئىدى، سەر خىل ئىدى.
قىلمىغان سەد بەرگى ھەم چوڭلۇقنىلا گۈلچەمبىرەك،
بەلكى بىبەر ھەمدە دالچىن گۈللىرى كامىل ئىدى.

---

①"ئۈچ خان" ـ قەدىمقى ئۈچ دانىشمەن پادىشا: شىيا سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى يۈي؛ شاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى تاڭ؛ جۇ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى ۋېنۋاڭ كوزدە تۇتۇلىدۇ.

ياۋ بىلەن شۇن① ئىككىسى بەكمۇ ئۇلۇغ، پاك خان ئىدى
ھەممە ئىشتا ھەق ـ ئادالەت، توغرا يول تۇتقان ئىدى.
جې بىلەن جۇ② ئىككىسى بەك ئاينىغان خانلار بولۇپ،
ئىزلەپ ئاسانلىق، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان ئىدى.

ئۇ جاناپلار شۇنچە پەسكەش، جان بىقىشنىڭ كويىدا،
يوللىرى زۇلمەت ئۇلارنىڭ ھەممە بەك تار شۇنچىلىك.
مەن ئۆزەمنى بىر پالاكەت باسمىغىيدى دەپ ئەمەس،
قورقىمەن خان تەختىگە كەلگەيمۇ دەپ پىشكەلچىلىك.

---

① ياۋ بىلەن شۇن ــ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ياۋ ــ دىكۇنىڭ ئوغلى، تاۋتاڭ قەبىلىسىدىن (ئادەتتە تاڭ ياۋ دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، پىڭياڭ (سەنشىدىكى لىڭفىن)نى پايتەخت قىلغان؛ شۇن جۇەنشۇيىنىڭ ئەۋلادى، يۈيۈي قەبىلىسىدىن. (ئادەتتە يۈي شۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇنىڭ خانلىق تەختى ياۋ تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. (ئىپتىدائىي جەمىيەتتە قەبىلە باشلىقى تەختىنى ئۆز ئوغلىغا ئەمەس، ئاقىللارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، بۇ تۈزۈم تەخت ئۆتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمى دەپ ئاتىلاتتى.) شۇن كېيىن ھاكىمىيەتنى شيا يۈيگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. يۈيدىن باشلاپ تەختنى ئۆز ئەۋلاتلىرىغا (ئوغلىغا) بېرىدىغان بولغان. ياۋ بىلەن شۇن تارىختا دانىشمەن پادىشالار دەپ ماختىلىپ كەلگەن ئىككى پادىشا.

② جې بىلەن جۇ ــ جې شيا سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زالىم پادىشاسى (يەنى پادىشا لۈيكۈي)؛ جۇ شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زالىم پادىشاسى (يەنى پادىشا شىن)، ھەر ئىككىلىسى ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ۋە زالىملىق قىلىپ دۆلەتنى ھالاك قىلغان.

مەن تالاي يۇردۇم ئىزىنمەي ئالدى ـ كەينىگدە چىپىپ،
مەقسىدىم ئۇتكەنكى پاك خانلار كەبى باسساق قەدەم.
سەن بۇ قەلبىمنىڭ ساڭا سادىقلىغىنى بىلمىدىڭ،
بەلكى توھمەتكە ئىشەندىڭ، ماڭا قىلدىڭ دەرت ـ ئەلەم.

كىلدۇ دەيتتىم ماڭا بەك تۇز كوڭۇللۇكتىن بالا،
شۇندىمۇ تاقەت قىلىپ، ھەرگىز ئۇنىڭدىن كەچمىدىم.
مەن ئۇچۇن شاھىت ـ گۇۋادۇر ئەنە شۇ توققۇز پەلەك
پادىشا ھەزرەتلىرىگە ھەرقاچان سادىق ئىدىم.

ئىلگىرى سەن ماڭا شۇنچە ۋەدىلەر بەرگەن ئىدىڭ،
ئەجىبا، ئاخىر كىلىپ يۇز ئۇرىدىڭ، لەۋزىڭ قىنى؟
مەن بۇگۇن سەندىن جۇدا بولغانغا چەكمەيمەن ئازاپ،
بەلكى تۇترۇقسىزلىغىڭ بەكمۇ ئىچىندۇردى مىنى.

〔يۇقۇرىدىكى 6 كۇپلىتنىڭ 1 ـ، 2 ـ كۇپلىتىدە، قەدىم زاماندا بولۇپ ئۇتكەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىپتىكى (دانىشمەن بىلەن زالىم) پادىشالارنى بىر بىرىگە سىلىشتۇرغان ھالدا، تىرىشش نىشانى بايان قىلىنىدۇ؛ 3 ـ، 4 ـ كۇپلىتىدە خۇەيۋاڭ بېگىمنىڭ جىن شاڭ، زىلەن، زىجياۋ، جىن شيۇلاردەك چاكىنىلار تەرىپىدىن ئورىلىۋىلىنىپ ياخشى گەپ قۇلىغىغا ياقمايدىغان بولۇپ قالغانلىغى دارتىمىلىغان ھالدا كورستىلىدۇ؛ 5 ـ، 6 ـ كۇپلىتىدە ئاپتوردا ۋەتەنىگە سادىقلىقتىن باشقا ھىچقانداق غەرەز يوقلۇغى ھەمدە خۇەيۋاڭنىڭ تۇترۇقسىزلىغى ۋە گۇمانخورلۇغىدىن ھەسرەتلىنىۋاتقانلىغى ئىپادىلىنىدۇ.〕

تېرىدىم رەيھاننى مەن توققۇز ئېتىزنىڭ بەرىگە،
تېرىدىم سەد بەرگىنى يۈز مو ئېتىزغا تولدۇرۇپ.
بىر ئېتىزغا خۇش پۇراق لىيۈيى، سېرىق رەيھاننىمۇ،
تېرىدىم خۇش بوي ئاسارۇن، لەيلىنى ئارىلاشتۇرۇپ.

ئارزۇ قىلدىم بەرگۇ - ياپراقلار باراقسان بولسا دەپ،
ھەم ئۈمىت قىلدىم تېرىپ ئالماقنى پەيت كەلگەن ھامان.
مەن ئۈزەم نابۇت بولۇپ كەتسەممۇ ھېچۋەقەسى يوق،
ئاشۇ خۇش بوي گۈل - گىيا بولسا غازاڭ، بۇ دەرت يامان

ئۇ جاناپلار ئەيشى - ئىشرەت قوغلىشار بەس - بەس بىلەن،
مەنپەئەت ئالدىدا ئاچكوز، نەپسى تويمايدۇ پەقەت.
ئۆزىگە ياخشى ئۆزى، لېكىن گۇمانخور ئۆزگىدىن،
شۇم غەرەز بار كوڭلىدە، قىلماي تۇرالمايدۇ ھەسەت.

مەنپەئەت، مەنسەپ دېسە، بەكمۇ پالاقلايدۇ ئۇلار،
مەن بىراق خالى بۇ خىل پەسكەش ھەۋەسلەردىن تامام.
تەشۋىشىم شۇكى مېنىڭ: كەلمەكتە ئاستا قېرىلىق،
ئالدىرايمەن بۇ جاھاندا قالدۇرۇشقا ياخشى نام.

ئىچىمەن شەبنەم باھاردا مەن مولەننىڭ بەرگىدىن،
كۈزدە جۇخۇانىڭ سولاشقان بەرگىنى يەيمەن ھامان.

خىسلىتىم كوركەم ۋە ساغلام بولسىلا، بولدى ماڭا،
نىمە بوپتۇ رەڭگى ـ رويىم بولسا سېرىق زەپىران.

ئىنچىكە يىلتىزدا ئاق رەيھاننى ئوراپ باغلىدىم،
خۇش پۇراقلىق ئاغچا گۇللەرنى قوشۇپ قويدۇم ئاڭا.
ھەمدە دالچىن نوتىسىغا باغلىدىم سەد بەرگىنى،
خۇش پۇراقلىق چىگە گۇللەرنى قوشۇپ قويدۇم يانا.

ئۆلگە ئالدىم مەن بۇرۇن ئوتكەن پەزىلەت ئەھلىدىن،
بۇ سىياقىم كورگۇسىز دۇنيا پەرەسلەر ئالدىدا.
بۇ زامانىنىڭ رەسمىگە گەرچە خىلاپلىق بولسىمۇ،
مەن كامالەت ئىگىسى پىيلۇشيەنگە① قىلدىم ئىقتىدا.

[يۇقۇرىدىكى 7 كۇپلىتنىڭ 1 ـ ، 2 ـ كۇپلىتىدە، ئوزى يېتىشتۇرۇپ چىققان قابىل ئادەملەرنىڭ زەربىگە ئۇچراپ نابۇت قىلىنىغانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن؛ 3 ـ ،4 ـ كۇپلىتىدە، كوپ ئادەمنىڭ مەنپەئەت تالىشىشىدىن يىرگىنىدىغانلىقى، ئوزىنىڭ سىياسى جەھەتتە بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماسلىقىدىن كوڭلى غەش بولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن؛ 5 ـ ، 6 ـ ، 7 ـ كۇپلىتىدە دانىشمەن ئەجداتلارنى ئۇلگە قىلىدىغانلىقى، ھەرگىز چاكىنىلار بىلەن بىر ئېقىمدا بولغانمايدىغانلىقى بىلدۇرۇلگەن.]

① پىيلۇشيەن ـــ يىن سۇلالىسىدە ئوتكەن دانىشمەن ۋەزىر، پادىشاغا بەرگەن تەكلىۋى ئاقمىغانلىقتىن ئوزىنى سۇغا تاشلاپ ئولۇۋالغانمىش.

ئاھ ئۇرۇپ، پەريات چېكىپ، ياشلار توكۇپ زار يىغلىدىم،
ئەزدى باغرىمنى خالايىقنىڭ ئىغىر كۆلپەت ـ غېمى.
مەن تۇزەيمەن بېزىنىشنى ياقتۇرۇپ گۈلچەمبىرەك،
ئەتىگەندە تۈزگىنىمنى بۇزدى خەقلەر ئاخشىمى.

گەر ئۇلار سەد بەرگى گۈلچەمبەرنى ۋەيران قىلسىمۇ،
يەنە گۈلچەمبەر قۇراشتۇرماققا باردۇر رەيھىنىم.
چۈنكى شۇنداق ئىش قىلىشقا بەكمۇ خۇشتارمەن ئۆزەم،
ئاشۇ خۇشتارلىقتا مىڭ ئۆلسەممۇ يوقتۇر ئارمىنىم.

ئالى. ھەزرەت، مەن سېنىڭ تاپىسىزلىغىڭدىن رەنجىدىم،
سەن پەقەتلا بىلمىدىڭغۇ مەن پېقىرنىڭ قەلبىنى.
ھوسنۇ ـ چېھرەمنى كىنىزەكلەر كورەلمەي، رەشك ئېتىپ،
مېنى پاسىق ئىشقۋاز دەپ راست ئىشەندۇردى سېنى.

پەس ـ پۇچەكلەر ئىقتىدارى ساختىپەزلىكتۇر ھامان،
ئىش بۇزۇشتۇر بىلگىنى، يوقتۇر نىزامنىڭ ھاجىتى.
قىڭغىر ئىشقا شۇنچە خۇشتار، كارى يوق مىزان بىلەن،
ياخشىچاق بولماق ئۇلارنىڭ ئالللىۋالغان ئادىتى.

قايغۇلۇقمەن، كوڭلى بارام غېرىپ ـ بىچارىمەن،
قارتىمەن يەككە ـ يىگانە بۇ زاماننىڭ جەۋرىنى.

رازىمەن ئۆلسەممۇ، سەرسان بولسىمۇ روھىم مېنىڭ،
دورىمايمەن پەس ـ پۈچەكلەرنىڭ شۇ ئىتتەك ئۆمرىنى.

نەدە شۇڭقار بىر بولۇپ ئۇچقان ئىدى قۇزغۇن بىلەن،
تا ئەزەلدىن نەدە مۇنداق نامۇۋاپىق پەدە بار؟
نەدە دۇگلەك بىرلە چاسا ئوخشىسۇن بىر بىرسىگە،
تۈز بىلەن قىڭغىر چىقىشقان نەدە بولغان، نەدە بار؟

ئۆتىمەن دەرتنى يۇتۇپ، ھەردەم ئۆزەمگە ھاي بېرىپ،
نومۇسۇم غالىپ، ئاھانەتلەر يېڭەلمەيدۇ بۇنى.
پاك نىيەتتە، توغرا دەسسەپ ئۆتسە ئادەم، نىمە غەم؟
بىلدى ئەۋزەل بالدۇر ئۆتكەن بارچە دانالار بۇنى.

مەن پۇشايمان ئەيلىدىم ماڭمايدىغان يولغا مېڭىپ،
بىر ھازا ماڭغاچ تېڭىرقاپ، توختىدىم يانماق بولۇپ.
مەن ئۆزەمنى توختىتىپ يولدىن پۇتۇنلەي ئازغىچە،
خەيرىيەت، ماڭدىم بۇ يان ھارۋامنى ئارتقا ياندۇرۇپ.

[يۇقۇرىدىكى 8 كۇپلىتنىڭ ئالدىنقى 4 كۇپلىتىدە، شائىر قەبىھ كۆچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەرگىز تەۋرىنىپ كەتمەيدىغانلىغىنى، چۇ خۇەيۋاڭنىڭ ھەق ـ ناھەقنى پەرقلەندۇرمەسلىگىگە رەنجىگەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ؛ كېيىنكى 4 كۇپلىتىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بىر بىرى بىلەن زادى سىغىشالمايدىغانلىغىنى، ئۆزى ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەي-

دىغانلىغىنى، ئەمما يولنى خاتا تاللىۋالغانلىغىنى، شۇڭا ۋاقتىدا بۇ يولدىن قايتىش لازىملىغىنى ئىپادىلەيدۇ. (ئەمەلدە ئاخىرقى بۇ سوزلەر شائىر خاپىلىقتا ئىيتىپ سالغان گەپ ئىدى.)]

چىقىرىپ ئاتنى قويۇپ بەردىم ـ دە رەيھانزار ئارا،
ئۇ چىمەنزارلىق ئىدىردىن تاپتى ئارام، ياخشى جاي.
يەنە ئالدىمغا مىڭئۆرسەم يولۇقتاي بىر بالا،
ۋاقتىدا يۇرتۇمغا قايتىپ، كونا ئەگلىمنى تاپاي.

مەن نىلوپەرنىڭ يىپشىل ياپراغىدىن تىكتىم چاپان،
ھەم ئۇنىڭ ھالرەڭ گۈلى بولدى چىرايلىق كوينىگىم
باشقىلار مەيلى مىنىڭ قەدرىمگە يەتسۇن ـ يەتمىسۇن،
خىسلىتىم كوركەم، مۇئەتتەر بولسا، شۇدۇر ئىستىگىم.

باشتىكى تەلپەك ـ تۇماقنى قىرلىۋالدىم مەن ئىگىز،
ھەم ئۇزۇن قىلدىم ئىپسىپ ئالغان بىزەك زۇننارىنى.
گۈلنى گەر ئەخلەت دىسە دەۋەرمىسۇنمۇ باشقىلار،
تەنلەر سەتلەشتۇرەلمەس خىسلىتىم گۈلزارىنى.

مەن نەزەر سالدىم يىراققا شۇندا ئارتقا قايرىلىپ،
توت تەرەپنى تەل ـ توكۇس چىقماقچى بولدۇم ئايلىنىپ.
مەن ئىپسىپ يۇرگەن بىزەك گۈلچەمبىرەكلەر شۇنچە ئۇز،
گۈل ھىدى بارغاي يىراقلارغا گۇپۇلدەپ تارىلىپ.

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بار ياراتقان ئادىتى،
ماڭا ئادەت بېزىنىش ھەممىدە ئۆزەمنى پاك تۇتۇش.
پارە-پارە قىلسىمۇ بولمايمەن ھەرگىز ئۆزگىچە،
مېنى ئۆزگەرتەلمىگەي ھەرقانچە تەھدىت-قورقۇتۇش.

[يۇقۇرىدىكى 5 كۇپلېتتە شائىر رىياللىقتىكى يولدا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلىقتىن، تەسەۋۋۇر ئالىمىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ روھىنى ۋاقتىنچە ئەمىن تاپتۇرۇشقا توغرا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.]

كويۇنۇپ، كوڭۇل بولۇپ سىڭلىم نەسىھەت ياغدۇرۇپ،
ھېچ ئېرىنمەي قايتا-قايتا قىلدى گەپ شۇ توغرىدا.
"بەكمۇ گەدەنكەش ئىدى ئۆتمۈشتە ئوتكەن گۇن بېگىم①
ئاخىرى تاپتى قازا يۇيىشەن تېغىنىڭ باغرىدا.

مۇنچە پاكلىق، مۇنچە تۈزلۈك نە ئۈچۈن ھاجەت ساڭا؟
بۇ قەدەر غەيرى لىباسنى سەنلا كىيدىڭ نە ئۈچۈن؟
ھەممە ئەتراپتا تىكەن ھەم كەكرى ئەۋج ئالغان تۇرۇپ،
سەن نىچۈن بۇندىن لىباس كىيمەكنى قىلمايسەن يوسۇن؟

ھەممىنى غەپلەتتىن ئويغاتماق پەقەت مۇمكىن ئەمەس،
قەلبىمىزنى كىم بىلۇر، سەن قايسىنىڭ دىلدارى سەن؟

① گۇن — شيا سۇلالىسى پادىشاسى يۇينىڭ ئاتىسى بولۇپ، تاشقىننى تىزگىنلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغانلىقى ئۈچۈن پادىشا شۇن تەرىپىدىن يۇيشەن تېغى ئېتىكىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

ھەر كىشىنىڭ بۇ جاھاندا بار ئەمەسمۇ ئۆز توپى،
سەن نىمىچۈن تاپماي توپىڭنى، ئۆز بېشىڭچە يۈرىسەن؟“

مەن ئۇلۇغۋارنى قىلىپ ئۈلگە، قۇتۇلدۇم نەپسىدىن،
نىيىتىم بولغاچقا پاك، قالدىم بالاغا ئاقىۋەت.
ئەمدى يۈەنشۈي ھەمدە شياڭجياڭنى كېچىپ، ماڭدىم بۇ يان،
خان بېگىم چۈڭخۇا①ھوزۇرىدا ئېيتاي دەرت ئەرزىيەت.

〔يۈقۈرىدىكى 4 كۇپلېتتە شائىر ئۇمۇر بويى ئۆزىگە بەك كۆڭۈل بولۇپ كەلگەن ھەمرا قىزىنىڭ قىلغان نەسىھەتىمۇ كار قىلماي، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن ئىنتايىن بىزار بولغان ھالدا، پادىشا شۈنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرت ـ ئەلەم توكۇشكە توغرا كەلگەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ.

شيا چى② كوكتىن ئالدى، ”توققۇز نەزمە“، ”توققۇز نەغمە“نى،
نەۋ باھاردا قۇردى ئىشرەت بەزمىسىنى ھارغىچە.
ئۇ يىراقنى كورمىدى، كەلگۈسىنى ئويلانمىدى،
قوپتى ياندىن ئىنىسى ۋۇگۇەن③ بولۇپ ياۋ ئاڭغىچە.

---

① چۈڭخۇا ـــ پادىشا شۈنىنىڭ باشقا بىر ئىسمى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۆزى ھوكۇم سۈرگەن جايلارنى كوزدىن كەچۈرۈش يۈزىسىدىن ساياھەت قىلغاندا ساڭۇۇ (ھازىرقى خۇنەن ئولكىسى نىڭيۈەن ناھىيىسى) دىگەن جاينىڭ دالاسىدا قازا تاپقانمىش.
② شياچى ـــ يۈينىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشلاپ پادىشالىق تەختىگە خان ئەۋلاتلىرى ۋارىسلىق قىلىدىغان بولغان.
③ ۋۇگۇەن ـــ شيا سۇلالىسى پادىشاسى جىنىڭ ئۇكىسى.

ئاشۇ يۇچۇڭ خانى خوۋيى① سەيلىگە ئامراق ئىدى،
ھەم شىكارغا كوپ چىقاتتى تۇلكە قوغلاپ تاغ ئارا.
ئۇ كىرىپ ھەرقىسمى يولغا، كەيىپ بىلەن ئۆتكەن ئۇچۇن
خەن ۋەزىر② بولدى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەت خۇدا.

ئاشۇ خەنجۇ ئوغلى گوچياۋ بەك بىشەم-ئوكتەم ئىدى،
ئوز قىننىغا سىغمىغان، نەپسى يامان ئادەم ئىدى.
ئوتتى كۈن-تۈن بەزمە ئويناپ، مەستۇ-مۇستەغرەك بولۇپ،
ئاشۇ خۇي-پەيلى ئۇنى ئاخىر بېشىدىن ئايىردى.

قالمىغان ئىنسان سىياقى شىياجى بەگنىڭ زادىلا،
ئاقىۋەت بولدى ھالاك، بۇمۇ يامانلىقنىڭ شورى.
ئوزىگە سادىق ۋەزىرنى چانغاچ جۇۋاڭ بېگىم،③
تەختى كەتتى ھەم نەسەپ ئەۋلادى يۇتتى ئاخىرى.

---

① خوۋيى — يى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىيا سۇلالىسىدە ئۆتكەن يۇچۇڭ قەبىلىسىنىڭ باشلىغى بولۇپ، قەدىمقى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئاتاقلىق مەرگەن ئىدى. كېيىن ئوزى قول ئاستىدىكى فېڭ مېڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

② خەن ۋەزىر — خەنجۇ، جۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خوۋيىنىڭ يېقىن قولداش ۋەزىرى.

③ تارىختا خاتىرىلىنىشىچە، پادىشا جۇ ۋاڭ ئوزىنىڭ ۋەزىرى مېيى بونى قىيما-چىما قىلىپ چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زالىملارنىڭ تىپىك ئوبرازى بولۇپ قالغان ئىكەن.

تاڭ بېگىم، شىيا يۈي بېگىملەر سەگەك، ئىززەتلىك ئىدى،
ماڭدى تۈز ئىلگىركى جۇ خان ـ بەگلىرى ھېچ مۈدرىمەي.
بەردى پازىللارغا خىزمەت، پەمى بارلارغا ھوقۇق،
بەگلىكى رەسمىي يوسۇندا ماڭدى ھەرگىز چەتنىمەي.

تەڭرى قادىر ھەممىگە، ئادىل ۋە خالىس ھەممىدىن،
يار ـ يۆلەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك جىمى ئادەمگە ئۇ.
بولسا كىم ئەخلاق ـ پەزىلەت ئەھلى، دانىشمەن ئەگەر،
يۇرت سورالايدۇ چوقۇم ھاكىم بولۇپ ئالەمگە ئۇ.

مەن بۇرۇنقى، سوڭغى خانلارنى كۆزەتتىم، بايقىدىم،
تاپتىم ئىنسان ئۆمرىنىڭ روشەن ـ ئېنىق دەستۇرىنى.
كىم ۋاپاسىز بولسا، ئەل ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ ئاڭا،
كىم يامانلىق قىلسا، بىزار ئەيلەر ئەلنىڭ بەرىنى.

خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقاي، مەيلى ئۆلۈمگە دۇچ كېلەي،
قىلچە قىلمايمەن پۇشايمان، پاكلىغىمنى ئەسلىسەم.
چۈنكى ئىش كورگەچكىلا باقماي شامالنىڭ رايىغا،
قىيما ـ چىما بولدى ئۆتكەنكى پەزىلەت ئەھلى ھەم.

يىغلىدىم مەن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ، يىغلىدىم پەريات ئۇرۇپ،
ھەممەھەل دۇنياغا تورەلگەنلىكىم بولدى ئەلەم.

كوز يېشمنى ئېرتمەن ياغلىق قىلىپ سەد بەرگىنى،
شۇندىمۇ پەش ـ يەڭلىرىم كوز ياشلىرىمدىن بولدى نەم.

[يۇقۇرىدىكى 9 كۇپلېتتە شائىر قەدىمقى زامانىدىكى دولەتلەرنىڭ ئاۋات ـ خاراپ بولۇش سەۋىۋى ئارقىلىق دانىشمەن ـ قابىللارنى مۇھىم خىزمەت ئورنىغا قويۇشنىڭ لازىملىغىنى تەكرار ـ تەكرار چۈشەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىمەھەل توغۇلغانلىغىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ھەسرەت يېشىنى توكىدىغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ.]

پەشلىرىمگە تىزلىنىپ دەردىمنى توككەندىن كېيىن،
ئاخىرى تاپتىم ئىمىنلىق، بۇ يوروق كوڭلۇم تىنىپ.
دەل شۇ ئان قىقنۇسنى هارۋا، ئەجدىهانى ئات قىلىپ،
كوك ئارا يۈردۈم كېزىپ، لەرزان شامالدا يەلپۈنۈپ.

ئەتىگەن چاڭۇۇ چولىدىن مەن چىقىپ قىلدىم سەپەر،
كەچلىگى كەلدىم كۇئېنلۇن ئوزرە شۇەنپۇ باغرىغا.①
بىر مەھەل ئارىلاي دىگەنتىم بۇ پەرىلەر يۇرتىنى،
شۇندا كۈن چاقى يېقىنلاپ قاپتۇ مەنزىلگاھىغا.

مەن قۇياش هارۋىكىشى شىخوغا ئاستا ماڭ دىدىم،
ئانچە ئالدىرما قۇياشنىڭ مەنزىلى ـــ يەنزىگە سەن.

---

① شۇەنپۇ ـــ كۇئېنلۇن تاغلىرى ئۇستىدىكى بىر خاسىيەتلىك تاغ ئىمىش.

شۇنچىلىك چەكسىز ئۇزۇن كەزمەكچى بولغان يوللىرىم،
يەر ۋە كوكنى ئاختۇرۇپ تاپماقچى مەھبۇبىمنى مەن.

ئەجدار ئاتنى شيەنچىدا①ــ كۇن كولچىگىدە سۇغىرىپ،
قىقنۇس هارۋامنى يەنە فۇساڭ② شىخىغا باغلىدىم.
توبى③ شاخىدا قۇياشنىڭ نۇرىغا مەن يول ئىچىپ،
بۇ گوزەل مەنزىلدە بىر راھەت ئىلىشنى خالىدىم.

ئاينىڭ ئات باقارى ۋاڭ شۇنى مىراۋۇل بول دىدىم،
ھەم دىدىم بولسۇن قاراۋۇل ماڭا فېيلياڭ ــ يەل بېگى.
تەڭرى توخۇسى ھۇما بولسۇن ماڭا جارچى دىسەم،
دىدى گۇلدۇرماما بېگى كەمغۇ تەييارگەرلىگى.

قىقنۇس هارۋامنى شۇ ئان قوشتۇم ــ دە ئىلدام ھەيدىدىم،
قىلدى پەرۋاز توختىماي ئۇ تۇننى كۇندۇزگە ئۇلاپ.
شۇندا بىر چاغدا شەپەقنى ھەم بۇلۇتنى باشلىغاچ،
قارشى ئىلىپ ئۇچقۇر شامال ئالدىمغا چىقتى غۇقۇراپ.

① شيەنچى ــ ئەپسانىدىكى قۇياش يۇيۇنىدىغان جاي.
② فۇساڭ ــ ئەپسانىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى، ئۇ قۇياش چىقىدىغان جايدا ئوسكەنمىش.
③ توبى (رومۇ) ــ ئەپسانىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى، ئۇ قۇياش چۇشىدىغان يەردە ئوسكەنمىش.

شۇندا بىز قىلدۇق سەپەر گاھ يىقىلىپ، گاھ تارىلىپ،
ھەم بەلەنگە ھەم توۋەنگە نۇر چېچىپ پەرۋاز قىلىپ.
تەڭرىنىڭ ئىشىك باقارىغا ئىشىكنى ئاچ دىسەم،
ئۇ ئىشىككە يولىنىپ قويىدى قاراپ بىر قايرىلىپ.

ھەممە ياق گۇڭگا ـ غۇۋا، چوكتى زاۋاللىقتا زامان،
مەن بېزەك زۇننار بىلەن قالدىم تېڭىرقاپ جىم بولۇپ.
ئايرىماس دانا بىلەن ناداننى بۇ ئازغىن جاھان،
ئۇتىدۇ باقماي ئىسىل خىسلەتكە ياكى ھومۇيۇپ.

تاغنى كۇتتۇم بىر ھازا بەيشۇيدىن① ئۇتمەكچى بولۇپ،
ھەم چۇشەپ قويماق بولۇپ لاڭفېڭ② تېغىغا ئاتىنىمۇ.
شۇندا ئەسلەپ كەچمىشىمنى يىغلىۋەتتىم ياش توكۇپ،
ۋادەرىخا، ماڭا دىلبەر يوق ئىكەن جەننەتتىمۇ.

شۇندا مەن باردىم ئۇچۇپ شەرقىي ئىلاھ دەرگايىغا،
شاخ ئۇزۇپ زۇمرەت دەرەختىن يەنە تاقتىم بېزەك.

---

① بەيشۇي ــ رىۋايەتلەردىكى دەريانىڭ ئىسمى. بۇ دەريا كۇئېن-لۇن تېغىدىن باشلىنىدىكەن.

② لاڭفېڭ ــ رىۋايەتلەردىكى تاغنىڭ ئىسمى. بۇ تاغ كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئۇستىگە جايلاشقان ئىمىش.

قوزغىلاي دىدىم شۇ ئان يەرگە چۈشۈپ دىلبەر تېپىپ،
ۋاقتىدا تەقدىم قىلاي سولاشقىچە بۇ گۈل ـ چىچەك.

[يۇقۇرىدىكى 10 كۇپلېتتە شائىر تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا ساياھەت قىلىپ، جىمىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ، يۈكسەك غايىگە ئىنتىلگەنلىگىنى، بىراق جەننەتتىمۇ ئۇزى كوزلىگەن مەقسەت جانانى بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىغىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئىزلەش خاھىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسى نىشانىنى ئىپادىلەيدۇ.]

مەن بۇلۇتنىڭ بېگى فېڭلۇڭنى① بۇلۇتقا مىندۇرۇپ،
بىر دىرەك ئالغىن دىدىم فۇفېي② مەلىكە نەدە دەپ.
ئەلچى قىلدىم جيەنشيۇنى③ گۈلچەمبىرەكلەرنى بېرىپ،
سەن بېرىپ ئاززۇمنى ئىزھار ئەيلىگىن دەپ جىكىلەپ.

ئۇ مەلىكە باشتا بەرمەپتۇ ماڭا روشەن جاۋاپ،
قايتۇرۇپتۇ ئارقىدىن ئىشقىمنى كەسكىن رەت قىلىپ.
ئاخشىمى قايتار ئىمىش مەغرىپتىكى چۇڭشىغا ئۇ،
چاچ يۇيارمىش ئەتىسى ۋېيپەن دىگەن كولگە كېلىپ.

---

① فېڭلۇڭ ــ بۇلۇت ئىلاھى.

② فۇ فېي ــ رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىپتىدائى زامان پادىشاسى فۇشىنىڭ قىزى، لېشۇي دەرياسىغا چوكۇپ ئولگەندىن كېيىن پەرى بولغانمىش.

③ جيەنشيۇ ــ پادىشا فۇشىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى.

بەك تەمەننا قويغۇدەكمىش ئۇ ئۆزىنىڭ ھوسنىگە،
قىلغۇدەك ھەر يان كېزىپ ئويۇن ـ تاماشا ھەر كۈنى.
گەر چىرايلىق بولسىمۇ، ئەخلاق ـ ئەدەپتە يوق ئىكەن،
ئۇ ماڭا دىلبەر بولالماس، ئەمدى ئىزلەي ئۆزگىنى.

كوك ئارا پەرۋاز قىلىپ ھەر يانغا مەن تاشلاپ نەزەر،
ئاخىرى چۈشتۈم زېمىننىڭ ئۈستىگە كوپ يول يۈرۈپ.
چۈشتى كوزۈمگە يىراقتىن بىر ئىگىز ياقۇت تېغى،
شۇندا يۇسۇڭ① گۈزىلى جيەندىنى مەن قالدىم كورۈپ.

مۇرغىزۇقۇمنى② ئۇنىڭغا ئەلچىلىككە بار دېسەم،
ئۇ دېدىكى، مەن بۇ ئىشقا ئانچىلا لايىق ئەمەس.
گەرچە ئەركەك پاختەك ئوبدان گەپ قىلىشنى بىلسىمۇ،
بەكمۇ شاللاق نەرسە ئۇ، ئۇندىن ئۇنۇم تاپماقمۇ تەس.

جىق تېڭىرقاپ ئويلىدىم، تەڭلىكتە قالدىم بەكمۇ مەن،
بىر تۇرۇپ ئوزەم باراي دېدىم، يەنە بولمايدىكەن.
ئاڭلىسام ئەنقا قۇشى ئەلچى بولۇپ بارغان ئىمىش،
ھە، دېمەك، گاۋشىڭ بېگى مەندىن بۇرۇن ماڭغان ئىكەن.

---

① يۇسۇڭ — قەدىمقى قەبىلىلەردىن بىرى.

② مۇرغىزۇقۇم — رىۋايەتلەردە، بۇ بىر خىل زەھەرلىك قۇش، ئۇنىڭ پېيىنى ھاراققا چىلاپ ئىچكۈزسە، ئادەمنى ئولتۇرىدىكەن.

يەنە ماڭسامmۇ يىراقتا مەنزىلىم يوق تۇرغىدەك،
شۇڭا مەن سەرسان بولۇپ ھەر يەردە يۈردۈم بىمۇقام.
شىيا بېگى شاۋكاڭمۇ① توي قىلماپتىمىش ھازىرغىچە،
يويۇلىك② ئىككى گۈزەلنىڭ بېشى بوشىمىش ئاڭلىسام.

نە قىلاي سوۋچىم مېنىڭ ئاجىز ئىكەن، ئەلچىم بوشاڭ،
بۇ قېتىمقى ئەلچىلىكنىڭمۇ يولى بولماس راۋان.
ئالجىغان دۇنيا پەزىلەت ئەھلىنى كورمەيدىكەن،
كارى يوق خىسلەت بىلەن، ئىللەتنى ئىزلەيدۇ ھامان.

ئىچكىرىدىن ئىچكىرىكەن ساھىپ جامالار خانىسى،
ئالى ھەزرەت، سەن يېتىپسەن يەنە غەپلەتكە پېتىپ.
كوكسى ـ قارنىمدىكى دەردىمنى توكۇپ بولماي تۇرۇپ،
مەن كېتەلمەيمەن بۇ دۇنيادىن ئۇنى بوخچا ئېتىپ.

[يۇقۇرىدىكى 9 كۇپلىتتە شائىر پانى دۇنيادىن باقى دۇنياغىچە قانچە ئىزدەنگەن ۋە تەلپۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، ئاساسي سەۋەپ، ئارىدا توسالغۇ كۈچ بارلىغىنى، ئۇردىنىڭ دەرۋازىسى قاتمۇ ـ قات توساقلار بىلەن تورالغانلىغىنى، پادىشا قاچان ئويغىنىپ قالاركىن دەپ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىغىنى تەسۋىرلەيدۇ.]

---

① شاۋكاڭ ــ شىيا سۇلالىسىنى قايتا گۈللەندۇرگەن پادىشا. ئۇ خەنچۇنى ئولتۇرۇۋېتىپ، پادىشا تەيكاڭنىڭ قولىدىن كەتكەن تەختىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەن.

② يويۇ ــ شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەبىلىلەردىن بىرى.

مەن تېپسپ مېھرىگىيانى ھەمدە باسۇك شېخىنى،
پالچى كەمپىرگە دىدىم بىر پال ئېچىپ بەرگىن قېنى!
ئۇ دىدىكى: "ئىككى خۇشتارغا ۋىسال بولغاي نىسىپ،
قايسى بەرنا ئوتتى دۇنيادىن تاپالماي جۇپتىنى؟

قىلما كوڭلۇڭنى يېرىم، دۇنياغا تاشلا كەڭ نەزەر،
بىرلا شۇ جايدا گۈزەل بار دەپ پەقەت قىلما قىياس.
ھەر تەرەپنى ئىزلىگىن، ھەرگىز تېڭىرقاپ يىغلىما،
چىن يىگىتكە ئىنتىزار قىز سېنى ھەرگىز تاشلىماس.

نەدە يوق دەيسەن جاھاندا خۇش پۇراقلىق گۈل ـ گىيا،
نە ئۇچۇن بەنت بولدى كوڭلۇڭ بىرلا ئوز يۇرتىڭغىلا.
بۇ سېنىڭ يۇرتۇڭ قاراڭغۇ ھەمدە غەپلەت ئىلكىدە،
ياخشىلىق ـ يامانلىغىڭنى پەرق ئېتەلمەس زادىلا.

بارچە ئادەمنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ھامان ئوخشاش ئەمەس،
ئۇ جاناپلار ھەددىدىن بەكمۇ ئېشىپ كەتتى بىراق.
ياسىشىپ باغلار بىلىگە كەكرى ـ ئەمەندىن كەمەر،
يات ئۇلارغا ئەنبەرەپشان گۈللىرىدىن باغلىماق.

ياخشى ـ يامان، گۈل ـ گىيانى پەرق ئېتەلمەيدۇ ئۇلار،
قاش تېشىنىڭ ياخشىسىنى ئەسلا بىلمەيدۇ ئۇلار

نەدىكى ئەخلەت ـ چاۋانى سالدۇ ھەميانىغا،
خۇش پۇراق بىبەر گۈلىنى بەت پۇراق دەيدۇ ئۇلار.

پالچى ئاچقان پال بويىچە ئىش قىلاي دەپ ئويلىدىم،
يەنىلا تەڭلىكتە قالدىم ھەر خىل ئويلارغا پېتىپ.
ئاڭلىسام پالچى مۇئەككىلى بۈگۈن كەچ چۈشكىدەك،
ئۇنى كۈتتۈم سوكنى ھەم بىبەرنى قوينۇمغا سېلىپ.

[يۇقۇرىدىكى 6 كۇپلىتتە شائىر پالچىنىڭ ئىغىزى ئارقىلىق ۋەتەندە قېلىش ياكى ۋەتەننى تەرك ئېتىپ كېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.]

چۈشتى بىر كەمدە پەرىلەر يەرگە لەرزان يەلپۈنۇپ،
چىقتى جيۇيى تېغىنىڭ ھور قىزلىرى تەبرىكلىشىپ.
جىلۋىدار پالچى مۇئەككىلى ئىچىپ يۈز، نۇر چېچىپ،
ماڭا پالنىڭ مەنىسىنى بەردى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ.

ئۇ دىدىكى: "سەن تىرىش، ھەر يانى كەزگىن ئاختۇرۇپ،
ھەمنىيەت مەسلەكدىشىڭنى ئىزلىگىن، تاپقىن تونۇپ.
تاڭ بېگىم، شيايۇ بېگىم تاپقاچ پەزىلەت ئەھلىنى،
خانغا جۈ، جيۇيۇ① ئەجەپ ماسلاشتى ياقۇت كوز بولۇپ.

① جۇ، جيۇيۇ ـــ جۇ ـــ يىنىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يىن (شاڭ) سۇلالە سىدە ئوتكەن پادىشا تاڭنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى. جيۇيۇ يەنە بىر ئىسمى گاۋتاۋ، پادىشا شۈننىڭ دانىشمەن ۋەزىرى بولۇپ، كېيىن شيا سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى يۈي ئۇچۇنمۇ ئىشلىگەن.

”سەن ئەگەر كوڭلۇڭگە پۇكسەڭ چىن گۈزەللىك ئىشقىنى،
ئارىغا ئەلچى قويۇشنىڭ يوق پەقەتلا لازىمى.
تام سوقاتتى فۇيۇي① بىر چاغدا، ئۇنى ۋۇدىڭ بېگىم
ئۆزىگە قىلغاچ ۋەزىر، بولدى ئىشەنچلىك خادىمى.

”ئاشۇ لۇي② ۋاڭ چاۋگى بازىرىدىكى قاسساپ ئىدى،
ئۇچرىشىپ ۋېنۋاڭ ئۇنى ئىززەتلىدى ئۇستاز قىلىپ.
مال باقاتتى نىڭ چى③ بىر چاغلاردا قىردا ناخشا ئېيتىپ،
باش ۋەزىر قىلدى ئۇنى چى خۇەن بېگىم ئاڭلاپ بىلىپ.

---

① فۇيۇي — يىن سۇلالىسى گاۋزۇڭ پادىشاسى ۋاقتىدىكى دانىشمەن ۋەزىر، ئۇمۇ، يىنىمۇ قۇللاردىن كېلىپ چىققان.

② لۇي ۋاڭ — جۇ سۇلالىسىنى بەرپا قىلىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن دانىشمەن ۋەزىر. ئەسلى پەمىلىسى جياڭ، ئۇنىڭ ئەجداتلىرىغا لۇي دىگەن جاي سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنلىكتىن پەمىلىسىنى لۇيگە ئۆزگەرتكەن. لۇي ۋاڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى جياڭ شاڭ (جياڭ زىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئۇ ياشىنىپ ۋېيشۈي دەرياسى بويىدا قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇپ يۈرگەندە جۇ ۋېنۋاڭغا (جى چاڭ) ئۇچرايدۇ، جۇ ۋېنۋاڭ ئۇنى باش سەركەردە قىلىدۇ.

③ نىڭ چى — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىگىنىڭ دانىشمىنى. ئۇ كەمبەغەل بولۇپ كىشلەرنىڭ هارۋىسىنى هەيدەيتتى. ئۇ چى بەگلىگى پايتەختىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا كېلىپ قېلىپ كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى سۇناي قىلىپ چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، چى بەگلىگىنىڭ بېگى خۇەنگوڭ ئاڭلاپ ئۇنى ۋەزىر قىلىدۇ، كېيىن يەنە باش ۋەزىرلىككە كۆتىرىدۇ.

"سەن تىرىشقىن كەلمگۈنچە تاكى يىلنىڭ ئاخىرى،
ئىزلىگىن يازنىڭ گۈزەل هوسنىنى سولاشماس ۋاقتىدا.
شۈسى باركى، گەرچە كاككۈكنىڭ ئۈنى ئاڭلانسىلا،
گۈل ـ گىيالار خۇش پۇراقتىن بولغۇسى بىردىن جۇدا.

"ئۈز ئىكەن زۇمرەت شىخدىن ياسىغان گۈلچەمبىرىڭ،
ئۇ نادانلار بۇ ئىسلىنىڭ قىممىتىدىن بىخەۋەر.
ئۇ جاناپلار كوڭلىدە يوق قىلچىلىك مېھرى ـ ۋاپا،
بۇزمىغى هىچ گەپ ئەمەس گۈلچەمبىرەكنى، قىل هەزەر!"

بۇ زامان شۇنداق زامان بىر نۇقتىدا تۇرمايدىغان،
مەن بولۇپ قالدىم شۇڭا تۇرغۇم پەقەت كەلمەيدىغان.
ئۆزىنىڭ خۇش بۇيىدىن رەيھانمۇ بولماقتا جۇدا،
هەمدە سەد بەرگى بىلەن گورگۇممۇ بولماقتا خازان.

نە ئۇچۇن بىر چاغدىكى شۇ ئەنبەر ئەپشان گۈل ـ گىيا،
يانتاق، ئەمەنگە بۇگۇن ئايلاندى ئاينىپ، قاغجىراپ.
نە ئۇچۇندۇر، نە ئۇچۇندۇر، بارمىدۇ باشقا سەۋەپ؟
ئۆزىنى ئاياشنى بىلمەستىن شۇڭا بولدى خاراپ.

مەن ئىشەنچلىك دەپ يۈرەتتىم ئەسلىدە رەيھاننى بەك،
بولسىمۇ ئۇندا چىراي، ئىچكى پەزىلەت يوق ئىكەن.

چىرمىشىپ ئەخلەت بىلەن بۇلغىدى ئۇز ھوسنىنى؛
خۇش پۇراق گۇل زاتىغا لايىق لاياقەت يوق ئىكەن.

گۇلى بىبەر غوجا كورسۇن دەپ كورەڭلەپ يۇرگۇدەك،
ياۋا بىبەرمۇ قىلار ھەميانغا كىرمەكنى تاما.
قەدرىنى بىلمەي يۇقارقى تەكچىلەرگە ئورلىگەچ،
بولسىمۇ بىرئاز پۇراقلىق، كىم خېرىداردۇر ئاڭا!

بۇ زاماندا سۇ قايانغا ئاقسا شۇ يان ئاققۇلۇق،
ئۇز يولىدا چىڭ تۇرۇپ ئوزگەرمىگەن جان بارمىدۇ؟
رەيھانۇ بىبەر ئاشۇنچە ئوزگىرىپ كەتكەن ئىكەن،
نەركەزۇ ھەم شاپقا ئەيىپ قويماققا ئىمكان بارمىدۇ؟

مەن قۇراشتۇرغان بۇ گۇلچەمبەر ئىسلىكەن بەرىدىن،
بۇ گۇزەلگە كەلسىمۇ ئاپەت ـ ھاقارەت قانچىلىك.
خۇش ھىدى ھىچ كەتكىنى يوق، شۇنچىلىك خۇشخۇي يەنە،
ئوتسە كۇنلەر قانچىلىك خۇشبۇي پۇرايدۇ شۇنچىلىك.

ئاچچىغىمنى مەن يەنە يۇتتۇم ئوزەمگە ھاي بېرىپ،
دىلبىرىمنى ئىزلىدىم سەرسان بولۇپ ھەر يان كېزىپ.
چىڭ تۇتۇپ گۇل چەمبىرىمنىڭ خۇش پۇراقلىق پەيتىنى،
ماڭىمەن ھەر يان سوراقلاپ يەر كېزىپ، ئاسمان كېزىپ.

[يۇقۇرقى 13 كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى 6 كۇپلېتىدە شائىر پالچىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا ئىشىنى ياخشى تەرىپىگە تەسەۋۇر قىلىش لازىملىقىنى، لېكىن ئۆزى يەنە جەمىيەتنىڭ يول قويۇشىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ كېيىنكى 7 كۇپلېتتە ئەسلى ئاقكوڭۇل ئادەملەرمۇ جەمىيەتنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن يامان كەيپىياتىدىن بۇلغىنىپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزى بۇ ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۇرىدۇ.]

يەشتى پالنىڭ تەبىرىنى پالچىلىق مۇئەككىلى،
چىققىلى قايتا سەپەرگە ئەزگۇ كۆڭنى تاللىدىم.
شاخ ئۈزۈپ زۇمرەت دەرەختىن ئوزەمگە سەي قىلىپ،
ئۆۋتىپ زۇمرەتنى يانچىپ، يولغا تالقان راسلىدىم.

شۇندا ئۇچقۇر دۇلدۇلۇمنى ھارۋىغا قوشتۇم يەنە،
بېزىدىم ھارۋامغا دەندان، لەئلىدىن زىننەت بېرىپ.
نىيىتى ياتلار بىلەن قانداقمۇ مەن يولداش بولاي،
كېتمەن تەنھا، يىراق يەرلەرنى كوزلەپ باش ئېلىپ.

بۇرىدىم ھارۋامنى شۇندا مەن كۇئېنلۇن يولىغا،
ئەگىم ـ ئەگىم ھەم ئۇزۇن يولدا مۇساپىرمەن غېرىپ.
بايرىغىم رەڭدار شەپەق جەۋلان قىلار كۇن نۇرىدا،
ھەم جىرىڭلايدۇ بۇ تۇڭگە ـ قوڭغۇراقلار سىلكىنىپ.

ئەتىگەندە يولغا ئاتلاندىم پەلەك دەرياسىدىن،
كۆن پېتىش چېگرىسىغا كەچ ۋاقتىدا كەلدىم يېتىپ.
كەلدى قىقىنۇسلار يېنىمغا بايرىغىمنى چورىدەپ،
ئەيلىدى پەرۋاز ئىگىز ئاسمان ئارا قانات قېقىپ.

مەن ئاقار قۇمغا بېرىپ قالدىم شۇ ئان مەغرىپتىكى،
بىر هازا چىشۈي① بويىدا سەيلە قىلدىم، ئوينىدىم.
ياسىسۇن كوۋرۇك دىدىم سۇ ئەجدىهاسى مەن ئۇچۇن،
تېز كېلىپ مەغرىپ ئىلاهى ئوتكۇزۇپ قويسۇن دىدىم.

بەك ئۇزۇن بىر يول ئىدى بۇ يول، جاپاسى شۇنچە كوپ،
يولغا سالدىم هارۋىنى تۇرغاي كۇتۇپ ئالدىمدا دەپ.
مەن بۇجۇشەندىن② چىقىپ ماڭدىم ـ دە، سولغا قايرىلىپ،
غەربىي دېڭىزنى نىشان قىلدىم يېنىش يوق ئەمدى دەپ.

مىڭچە هارۋام يىغىلىپ ماڭدى قاتار رەت ـ رەت بولۇپ،
چوگىلەيدۇ قاش تېشىدىن زىننەتى بار چاقلىرى.
هەر بىرىنىڭ دۇلدۇلى سەككىز، گوياكى ئەجدىها،
يەلپۈنەر رەڭدار بۇلۇتتەك هارۋىنىڭ بايراقلىرى.

① چىشۈي ـــ رىۋايەتلەردىكى بىر دەريا، ئۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن ئېقىپ چىققانمىش.
② بۇجۇشەن ـــ رىۋايەتلەردىكى بىر تاغ، ئۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقانمىش.

مەن يۇگەنلەپ غەيرىتىمنى، ئاتنى ئاستا ھەيدىدىم،
كوك ئارا ئۇچتى بەلەن روھىم مېنىڭ پەرۋاز قىلىپ.
ئوقۇدۇم «توققۇز مۇقام»، «توققۇز سەنەم»گە ئوينىدىم،
يىپىلىپ ئاچتىم كوڭۇلنى دەم غەنىمەت دەپ بىلىپ.

تەڭرىنىڭ پارلاق نۇرىدا پەيزى تۇتقاندا مېنى،
كوز يۇگۇرتۇپ كونا يۇرتۇمغا نەزەر سالدىم شۇ ئان.
ھارۋىكەشلەر قايغۇرۇپ، ھەيدەشكە رايى بارمىدى،
ئاتلىرىم غەمكىن، تىرەجەپ ماڭمىدى ئالغا تامان.

[يۇقۇرىدىكى 9 كۇپلىتتە شائىر ئوزى پالانغاندىن كېيىن ئاستاندىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىپ، ئامالسىزلىقتىن تېخىمۇ چوڭقۇر روھىي دۇنياغا يۇكسىلىپ پانى دۇنيادىن ۋاز كېچىشكە توغرا كەلگەنلىگىنى، شۇنداق قىلىپ يورۇقلۇقنى كورگەن بولسىمۇ، لېكىن نەزىرى ۋەتەنىنىڭ زېمىنىغا چۇشۇش بىلەن تەڭ يەنە قەدەم يوتكىيەلمەيدىغانلىغىنى تەسۋىرلەيدۇ.]

(چۇشۇر گۇسى)

بولدى، بەس،
يۇرتۇم ئارا قەدرىمنى بىلسۇن كىم مېنىڭ.
ھاجىتى يوق، ئۇنى ئەمدى سېغىنىپ مەن نە قىلاي؟
چىقمىدى زادى گوزەل مەسلەك يولىدا ھەمدىمىم،
ئەمدى رەھمەتلىك ئۇلۇغ فېڭ شيەن قېشىدىن جاي ئالاي.

خاتىمە — پۈتۈن داستاننىڭ يەكۈنى، شائىر ئۇنىڭدا ۋەتەننى تاشلاپ كېتەي دىسە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى كونمەيدىغانلىغىنى، تۆرىۋېرەي دىسە سىياسى جەھەتتە چول - جەزىرىدەك ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغانلىغىنى، پولدى، بەس دەپ ئاخىر ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ، زامانىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، پاكلىقنى ساقلاپ قېلىشقا بەل باغلىغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ.

离　骚
屈　原　著
（维吾尔文）
铁依甫江，郝关中译
责任编辑：王一之
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：787×1092毫米1/32　印张：1 1/4
1980年12月第1版
1980年12月北京第1次印刷
印数：0001—3,300册　定价：0.11元
书号：M10049(4)88

书号 M 10049 (5) 88
定价 0.11 元